# ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ـ ئايال قەتئىي بىلىشى لازىم بولغان ۋاجىپ(مەجبۇرىيەت)لەر

تەرجىمە قىلغۇچى : لۇتپى

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نامى بىلەن باشلايمەن.

*1ـ ھەر بىرمۇسۇلمان ئەر-ئايال بىلىش لازىم بولغان ئۈچ ئاساس:*

بۇلار: بەندىنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى، ئۆز دىينىنى ۋە ئۆز پەيغەمبىرىنى تونۇشتىن ئىبارەت.

ئەگەرساڭا،پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دەپ سوئال قويۇلسا،سەن پەرۋەردىگارىم مىنى پەرۋىش قىلىۋاتقان ۋە بارلىق ئالەملەرنى ئۆز نىمەتلىرى بىلەن پەرۋىش قىلىۋاتقان اللەدۇر، ئۇ مىنىڭ مەبۇدۇم(چوقۇنىدىغىنىم)دۇر، ئۇنىڭدىن باشقامەبۇدۇم يوق. دەپ جاۋاپ بەرگىن!

ئەگەرساڭا،دىنىڭ نىمە؟ دەپ سوئال قويۇلسا،دىنىم ئىسلامدۇر، ئۇ بولسا تەۋھىد (اللەنى ئاڭدا بىربىلىپ ھەركەت-سۈكۇناتنى ئۇنىڭغىلا قارىتىش)ۋە اللەغىلا باغلىنىپ كەسكىن بويسۇنۇش، شۇنداقلا شىرىك ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن مەيدان ئايرىش ئارقىلىق ئۆزىنى اللەقىلا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت.دەپ جاۋاپ بەرگىن!

ئەگەرساڭا،پەيغەمبىرىڭ كىم؟ دەپ سوئال قويۇلسا،پەيغەمبىرىم مۇھەممەددۇر، ئۇ بولسا ئابدۇللاھنىڭ ئوغلىدۇر،ئابدۇللاھ ھاشىمنىڭ بالىسى ئابدىلمۇتەللىپنىڭ ئوغلىدۇر،ھاشىم ئەرەپلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىندۇر،ئەرەپلەرئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدۇر. پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئىبراھىم،ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارغا ئەڭ ئۇلۇغ دۇئا-سالاملار بولسۇن!

*2ـدىنىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ئاساسى ئىككى ئىشتۇر:*

بىرىنچى: اللەغا شېرىك كەلتۈرمەي يىگانە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش، ئۇنىڭغا ئۈندەش، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن دوستلىشىش، ئۇنى تاشلىغان ھەرقانداق كىشىنى كاپىر بىلىشتۇر.

ئىككىنچى: اللەغا ئىبادەت قىلىشتا شېرىك قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە بۇ ھەقتە قاتتىق تۇرۇش، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن دۈشمەنلىشىش ۋەئۇنى قىلغان كىشىنى كاپىر بىلىشتۇر.

*3ـ>اللەتىن باشقائىلاھ يوق<دىگەن كەلىمىنىڭ نىڭ شەرتلىرى:*

بىرىنچى: بىلىم؛ يەنى بۇكەلىمىنىڭ مەزمۇندىكى (ئەرەپچىدە بۇ جۈملىنىڭ ئالدى قىسمىداكىلىدىغان)<ئىلاھ يوق>دىگەن چەكلىمەسۆزى بىلەن (ئەرەپچىدە بۇ جۈملىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا كىلىدىغان) <اللەتىن باشقا>دىگەن ئىسپات سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلىش.

ئىككىنچى: يەقىين (جەزمىيەت)؛ يەنى بۇكەلىمىگە، شەك ۋەئىككىلىنىشكە قارشى تۇرالايدىغان مۇكەممەل بىلىم بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىش.

ئۈچىنجى: ئىخلاس(سەمىمىيەت)؛ يەنى يالغانچىلىق(ئىككى يۈزلىمىچىلىك ۋەرىياخورلۇق)قا يول قويمايدىغان چىن ۋە ساپلىق.

تۆتىنجى: ساداقەت؛ يەنى بۇسۆزدە ئىنكارغا ھېچ يول قويمايدىغان راستچىللىق.

بەشىنجى: مۇھەببەت؛ يەنى بۇسۆزگە ۋە بۇ سۆزئىپادىلىگەن بۈيۈك ھەقىقەت ۋە ئادالەتكە بولغان سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش .

ئالتىنجى: ئىنقىياد(باغلىنىش)؛ يەنى بۇ سۆز تەلەپ قىلغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى ئۈزلۈكسىز قەتئىي ئىجراقىلىش.

يەتتىنجى: قوبۇل قىلىش؛ يەنى بۇسۆزنىڭ تەلىپى بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ھەرقانداق چاغدا رەت قىلىشتىن ساقلىنىدىغان دەرىجىدە تەييارتۇرۇش.

بۇيەتتەشەرتنىڭ دەلىللىرى:

بىلىمنىڭ دەلىلى: ئۇلۇغ اللەمۇنداق دىگەن:<بىلگىنكى چوقۇم اللەتىن باشقائىلاھ يوق>47-سۈرەمۇھەممەد19-ئايەت.<پەقەت ھەق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن (يەنى لاالەالااللە دېگەن،تىلى بىلەن ئېيتقاننى دىلى بىلەن)ھەقىقىي بىلگەنلەربۇنىڭدىن مۇستەسنا>.43-سۈرەزۇخرۇپ86-ئايەت.

اللەرازى بولسۇنكى ئوسماندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ساغلام ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز-اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن مۇنداق دېگەن: <كىمكى شەك-شۈبھىسىز اللەتىن باشقائىلاھ يوق(دەپ) بىلگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتسە جەننەتكە كىرىدۇ>.

يەقىن (جەزمىيەت)نىڭ دەلىلى:ئۇلۇغ اللەمۇنداق دەيدۇ:<شۈبھىسىزكى،(ھەقىقى)مۆمىنلەراللەغاۋەئۇنىڭ پەيغەمبىرىگەئىمان كەلتۈرگەن،ئاندىن(ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن،ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن اللەنىڭ يولىداجىھادقىلغانلاردۇر،ئەنەشۇلار(ئىمان داۋاسىدا)راستچىللاردۇر>.49-سۈرەھۇجۇرات15-ئايەت.

بۇ ئايەتتە الله ۋەئۇنىڭ ئەلچىسىگەئىشىنىشتە شەك كەلتۈرمىگەن بولۇشنى شەرت قىلغان، دېمەك شەك كەلتۈرۈش مۇناپىقلىقتۇر. اللەرازى بولسۇنكى ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان ساغلام ھەدىستا پەيغەمبىرىمىزاللەنىڭ سالامى ۋەرەھمىتى بولسۇن!مۇنداق دەيدۇ:<چوقۇم اللەتىن باشقائىلاھ يوقلىقىغا ۋەمېنىڭ چوقۇم اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن،بۇئىككى گۇۋاھلىق بىلەن ئۇنىڭدا ھېچ شەك قىلمىغان ھالدا اللەغا ئۇچراشقان بەندىلا بولىدىكەن جەننەتكە كىرىدۇ>. يەنەبىر رىۋايەتتە:<بەندە اللەغا بۇ ئىككىسىدەشەك قىلمىغان ھالدا ئۇچراشمايدىكەن اللەئۇنىڭدىن جەننەتنى پەردىلەپ(توسۇپ)قويىدۇ>.

ئىخلاسنىڭ دەلىلى:ئۇلۇغ الله،39سۈرەزۇمەرنىڭ3-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:<بىلىڭلاركى،(شېرىكتىن ۋەرىيادىن)ساپ دىن اللەغاخاستۇر،>پاك الله يەنە مۇنداق دىگەن: <ئۇلارپەقەت ئىبادەتنى اللەغاخالىس قىلغان، ھەق دىنغائېتىقادقىلغان ھالدا(يالغۇز)اللەغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.>98-سۈرەبەييىنە5-ئايەت.

اللەرازى بولسۇنكى ئەتەبان ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان ساغلام ھەدىستا پەيغەمبەر اللەنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!مۇنداق دەيدۇ: < "اللەتىن باشقائىلاھ يوق" دېگەن (كەلىمىنى)پەقەت ئۇلۇغ- بۈيۈك اللەنىڭ دىدارىنى كۆزلەپلا ئېيتقان كىشىنى، ئۇلۇغ اللە دوزاخ ئوتىغا ھارام قىلىدۇ>.

ساداقەتنىڭ دەلىلى:ئۇلۇغ اللە مۇنداق دەيدۇ:<ئەلىف،لام،مىم،(1).ئىنسانلار<<ئىمان ئېيتتۇق>>دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالمايمىز تەرك ئېتىلىمىز،دەپ ئويلامدۇ؟(2) ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق،اللە(ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ،(ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇچوقۇم بىلىدۇ(3).>29-سۈرەئەنكەبۇت1-ئايەتتىن3-ئايەتكىچە.

ئىككى ساغلام كىتاپ (بۇخارى،مۇسلىم)دا مۇئازئىبنى جەبەلدىن رىۋايەت قىلىنىپ پەيغەمبىرىمىز-اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن!نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى كەلگەن: <چوقۇم اللەتىن باشقا ئىلاھ يوق،مۇھەممەداللەنىڭ ئەلچىسىدۇر،دېگەن كەلىمىنى چىن دىلىدىن ساداقەتمەنلىك بىلەن دەيدىغان ھەرقانداق بىركىشى بولىدىكەن، اللەئۇنى دوزاخ ئوتىغاھارام قىلىدۇ.>.

مۇھەببەتنىڭ دەلىلى:ئۇلۇغ اللە5-سۈرەمائىدە54-ئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:<ئى مۆمىنلەر!سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن،اللە(ئۇنىڭ ئورنىغا) اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللەنى دوست تۇتىدىغان،مۆمىنلەرگە كۆيۈندىغان،كاپىرلارغا شەپقەتسىز،اللەنىڭ يولىداجىھادقىلىدىغان ۋەمالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىرقەۋمنى كەلتۈرىدۇ.> اللەرازى بولسۇنكى ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان ساغلام ھەدىستاپەيغەمبىرىمىز-اللەنىڭ سالامى ۋەرەھمىتى بولسۇن!نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى كەلگەن:<مۇنۇئۈچ خىسلەت بولغان كىشى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تاپالايدۇ؛ئۇنىڭغااللەۋەئۇنىڭ ئەلچىسى،باشقاھەرقانداق نەرسىدىن ئارتۇق سۆيۈملۈك بولۇش،ۋە ھەرقانداق كىشىنى اللەئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش، ۋەاللەئۇنى كاپىرلىقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايتىشنى گويا ئوتقا تاشلانغاندەك يامان كۆرۈش.>

قوبۇل قىلىش ۋەئىنقىياد(باغلىنىش)نىڭ دەلىلى:ئۇلۇغ اللە2-سۈرەبەقەرە256-ئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:<كىمكى تاغۇت(اللەتىن باشقا بارچەمەبۇد)نى ئىنكارقىلىپ، اللەغائىمان ئېيتىدىكەن، ئۇسۇنماس،مەھكەم تۇتقا(لاالەالااللە)نى تۇتقان بولىدۇ،>. تۇتۇش، بارلىق ئىشلىرىدائۆزىنى اللەنىڭ دىنىغا باغلاش دېمەكتۇر. يەنە،ھەدىس شەرىپتا،پەيغەمبىرىمىز-اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن!نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى كەلدى:<سىلەردىن ھەرقانداق كىشىنىڭ،ھەتتا،ھاۋايى-ھەۋەسىمۇ،مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە تەۋە بولمىغىچە، مۆمىن بولالمايدۇ > يەنى ھەۋەس قىلىدىغان نەرسىلىرىمۇ،اللەنىڭ دىنىدىكى نەرسىلەر بولىدىغان بولمىغىچە، مۆمىن بولالمايدۇ.

### *4-ئىسلامنى(يەنى مۇسۇلمانلىقنى)بۇزغۇچى ئون نەرسە*

بىلىشىڭىز لازىمكى(خۇددى كىشىنىڭ تاھارىتىنى بۇزىدىغان ئامىللار بولغاندەك)ئىسلامنى(يەنى كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقنى)ھەم بۇزىدىغان ئامىللاربار،ئۇلار(نىڭ ئاساسلىقى،ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن توپلانغان) مۇنۇ ئون نەرسىدۇر:

بىرىنجى:ئۇلۇغ اللەغائىبادەت قىلغاندا شېرىك(بىرنەرسەقوشۇش)قىلىپ قويۇش. پاك اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:>اللەھەقىقەتەن اللەغاشېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقاگۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ<4-سۈرەنىسا48ۋە116-ئايەت. ئۇلۇغ اللەيەنە5-سۈرەمائىدە72-ئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:>كىمكى اللەغاشېرىك كەلتۈرىدىكەن(اللەتىن باشقىغىمۇئىلاھ دەپ ئېتىقادقىلىدىكەن)،اللەئۇنىڭغاجەننەتنى ھارام قىلىدۇ،ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ،زالىملارغاھېچ بىرمەدەتكار(اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى)بولمايدۇ.<<...>. بۇئايەتلەردىكى شېرىك قىلىش مەزمۇنى ئىچىگە،كىشىلەرنىڭ جىن ياكى قەبرە قاتارلىقلارغا بوغۇزلىغىنىغائوخشاش اللەتىن باشقىغائاتاپ بوغۇزلاشمۇ(قان قىلىشمۇ)كىرىدۇ.

ئىككىنجى:اللەبىلەن ئۆزى ئارىسىداۋاستىلەرنى قىلىپ ئۇلاردىن سوراپ دۇئاقىلغان،شاپائەت تىلىگەن ۋەئۇلارغاتەۋەككۇل(ھىماتچى دەپ ئېتىقاد)قىلغان كىشى، (ئىسلام تۆت ئاساسى پىرىنسىپىنىڭ بىرى) ئىجما، بويىچە كاپىر بولىدۇ.

ئۈچىنجى: مۇشرىكلارنى كاپىردېمىگەن ياكى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىغا شەك قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنى توغرادېگەن كىشى كاپىردۇر.

تۆتىنجى: پەيغەمبىرىمىز-اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن!-نىڭ يولىدىن باشقا بىركىمنىڭ يولى مۇكەممەلراق(تولۇقراق)ياكى ئۇنىڭ ھۆكمىدىن باشقا بىركىمنىڭ ھۆكمى ياخشىراق دەپ ئېتىقادقىلساكاپىردۇر. مەسىلەن: ھازىرقى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكمىنى رەسۇلۇللاھ نىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن دېگۈچىلەرگەئوخشاش. ۋە شەرىئەتنىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرى ھازىرقى زامانغاماس كەلمەيدۇ دېگۈچىلەرگەئوخشاش.

بەشىنجى:پەيغەمبىرىمىز- اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن! ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن بىرەرنەرسىگە نەپرەتلەنگۈچى(ئۆچ كورگۈچى)، گەرچەئۇنىڭغائەمەل قىلىۋاتقان بولسىمۇ كاپىردۇر.

ئالتىنجى:پەيغەمبىرىمىز-اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن!ئېلىپ كەلگەن(ئىسلام)دىنىغاتەۋە،ساۋاپ،جازا،خەۋەر قاتارلىق ھەرقانداق بىرەرنەرسىنى مەسخىرە(زاڭلىق)قىلغان كىشى كاپىردۇر.دەلىلى:ئۇلۇغ اللەمۇنداق دەيدۇ:>(ئى مۇھەممەد!)ئەگەرسەن ئۇلارنىڭ(مەسخىرەقىلغانلىقىنى)سورىساڭ،ئۇلار:>>بىز (راستىن ئەمەس)،پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئۆيىنىشىپ دەپ قويدۇق<<دەيدۇ.(بۇمۇناپىقلارغا)>>سىلەراللەنىڭ دىنىنى،اللەنىڭ ئايەتلىرىنى(يەنى كىتابىنى)ۋەاللەنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرەقىلدىڭلارمۇ؟<<دېگىن(65). سىلەر(يالغان قەسەم ئىچىپ)ئۆزرە ئېيتماڭلار،سىلەرئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن،(پەيغەمبەرنى مەسخىرەقىلىش بىلەن)كاپىربولدۇڭلار،< 9-سۈرەتەۋبە 65-ۋە 66-ئايەتلەر.

يەتتىنجى: سېھىرگەرلىك، جۇملىدىن ئامراق قىلىش،ئۆچ قىلىش قاتارلىق ئۇنىڭ تۈرلىرى؛كىمكى ئۇنى قىلسا ياكى قىلىشقا رازى بولسا كاپىردۇر.دەلىلى: ئۇلۇغ اللە،2-سۈرە بەقەرەنىڭ 102-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:>سۇلايمان(سېھىرگەربولغىنى ۋە سېھىرئۆگىنىش بىلەن)كاپىربولغىنى يوق،<.

سەككىزىنچى: مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا ھەمكارلىشىش؛ بۇنىڭ دەلىلى: <سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ مۇئەنەشۇلاردىن سانىلىدۇ، اللەزالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ<.5-سۈرەمائىدە51-ئايەت.

توققۇزىنچى: كىمكى خۇددى خىزىر، مۇسائەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن چىقىپ كىتىش ھوقۇقىغائىگەبولغاندەك "بەزى ئادەملەر، پەيغەمبىرىمىز-اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن! نىڭ شەرىئىتىدىن، چىقىپ كىتىش ھوقۇقىغائىگە" دەپ قارىسا كاپىردۇر.

ئونىنچى: اللەنىڭ دىنىنى ئۆگەنمەي ۋە ئەمەل قىلماي يۈز ئۆرىسە (يەنى اللەنىڭ دىنىغا ھېچ ئېتىبارسىز قارىسا) كاپىردۇر. دەلىلى: ئۇلۇغ اللەمۇنداق دەيدۇ: <پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈزئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزگۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز<32-سۈرەسەجدە22-ئايەت.

يۇقۇرىدىكى مۇسۇلمانلىقنى بۇزغۇچى ئاساسلىق ئون ئامىلنىڭ ھەرقاندىقىدا، مەجبۇرلانغۇچىدىن باشقا، قورققۇچى، ئويناشقۇچى، چاقچاق قىلغۇچى ۋە رەسمى قىلغۇچى ئوخشاشتۇر. بۇلارنى سادىرقىلىپ سېلىشتىن، الله ھەر بىرمۇسۇلماننى ساقلىغاي!

## *5-ئۈچ تەۋھىد ، يەنى تەۋھىدنىڭ ئۈچ تۈرى*

بىرىنچى: تەۋھىد رەبۇبىيە(پەرۋەردىگارنى بىربىلىش) :

بۇ، بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدىكى رەسۇلۇللاھ جەڭ قىلغان كاپىرلارمۇ ئىقرارقىلىدىغان ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار ئىسلامغا كىرگەن ھىساپلانمىغان بەلكى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئىقرارى بولسىمۇئۇلارنىڭ ماللىرى ۋەجانلىرى ھالال قىلىنغان تەۋھىد تۈرى بولۇپ، مەزمۇن ۋەماھىيەت جەھەتتىن ئۇلۇغ اللەنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئۇنى بىربىلىش، يەنى الله ئۆزپائالىيەتلىرىنى، ھېچكىمنى شېرىك قىلماي يالغۇز قىلىدۇ، دەپ بىلىشتىن ئىبارەت. دەلىلى: ئۇلۇغ اللەنىڭ، 10-سۈرەيۇنۇس 31-ئايەتتىكى مۇنۇسۆزىدۇر: <(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، <<سىلەرگەئاسماندىن(يامغۇرنى ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيائۇندۇرۇپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيداقىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟>>ئۇلار (بۇلارغاجاۋابەن): <<الله>>دەيدۇ. ئېيتقىنكى، <<اللەتىن باشقىغاچوقۇنۇش بىلەن اللەنىڭ ئازابىدىن)قورقمامسىلەر؟>.

ئىككىنچى: تەۋھىدئۇلۇھىيە(بىرلائىلاھقاچوقۇنۇش):

مانا بۇتوغۇردا ئىلگىرى-ئاخىرى تارىختىن بۇيان، تالاش-تارتىش ۋەجەڭ-كۆرەشلەر بولۇپ كەلدى ۋەبولۇپ كىلىۋاتىدۇ. بۇ، بولسا بەندىلەرنىڭ، دۇئاقىلىش، نەزىرقىلىش، بوغۇزلاش، ئۈمۈت قىلىش، قورقۇش، تەۋەككۇل قىلىش، رىغبەتلىنىش، ئەيمىنىش ۋە تۆۋەقىلىش قاتارلىق ئۆزپالىيەتلىرىنى پەقەت بىراللەغىلا قارىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ھەربىرىگەقۇرئاندا دەلىللەر بار.

ئۈچىنچى: تەۋھىد ئەززات، ۋەلئەسمائى ۋەسسىپات(زاتى، ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە اللەنى بىربىلىش):

بۇ تەۋھىد بولسا، مەزمۇن ۋەماھىيەت جەھەتتە بىرىنجى قىسىم تەۋھىد دائىرىسىگەكىرىدۇ،دەلىلى:ئۇلۇغ الله7ـ سۈرەئەئراف180ـئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: <اللەنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار،اللەنى شۇ(گۈزەل ئىسىملىرى)بىلەن ئاتاڭلار،اللەنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە-كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار،ئۇلارئاخىرەتتە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ>.

*6ـتەۋھىدگە زىت (قارشى) شېرىك ۋەئۇنىڭ تۈرلىرى*

بۇ،<<چوڭ شېرىك،كىچىك شېرىك ۋەيوشۇرۇن شېرىك>>دەپ ئۈچ تۈرلۈكتۇر:

بىرىنجى:الله قۇرئاندا،4ـسۈرەنىسانىڭ 47ـۋە116ـئايەتلىرىدە،<اللەئۆزىگەبىرەرنەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلىشىنى(يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى)ئەلۋەتتە كەچۈرمەيدۇ،بۇنىڭدىن باشقىنى(اللەئۆزى)خالىغان ئادەمدىن كەچۈرىدۇ،>دەپ ئېلان قىلىش بىلەن،تۆۋەقىلماي ئۆلگەن كىشىنى قەتئىي كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان چوڭ شېرىكتۇر. بۇمۇ شەكىللىنىش ئورنىغائاساسەن تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1ـدۇئادىكى شېرىك:دەلىلى:ئۇلۇغ اللەنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: <ئۇلار كېمىگە چىقىپ (غەرىق بولۇشتىن قورققان) چاغلىرىدا،اللەغا، كامالى ئىخلاس بىلەن ئىلتىجاقىلىدۇ، اللەئۇلارنى ئامان-ئېسەن قۇرۇقلۇققاچىقارغان چاغدا(بالا-قازادىن قۇتۇلدۇرغان اللەنى ئۇنتۇپ)،ناگاھان(اللەغا)شېرىك كەلتۈرىدۇ>29ـسۈرەئەنكەبۇت650ئايەت.

2ـنىيەت،ئىرادە ۋەمەقسەتتىكى شېرىك:دەلىلى:ئۇلۇغ الله،11ـسۈرەھۇدنىڭ 15ـۋە16ـئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:<(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت)ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيا نېمەتلىرىنى)كۆزلەيدىغان كىشىلەرگەئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇدۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز،دۇنيادائۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ(15).بۇنداق كىشىلەرگەئاخىرەتتەدوزاختىن باشقانەرسەيوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققاچىقىرىلىدۇ، قىلغان(ياخشى)ئەمەللىرى ھېساپقائېلىنمايدۇ>.

3ـبويسۇنۇشتىكى شېرىك: دەلىلى: ئۇلۇغ الله9ـسۈرەتەۋبە31ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:<ئۇلارئۆزلىرىنىڭ ھېبرىلىرىنى،راھىبلىرىنى(يەھۇدىيلاربىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى)ۋەمەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى.(ھالبۇكى)ئۇلار(پەيغەمبەرلەرئارقىلىق)پەقەت بىرئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى،ئۇنىڭدىن باشقا(يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن باشقا)ھېچ مەبۇد(بەرھەق)يوقتۇر،اللەئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر>.

بۇئايەتنىڭ تەپسىرى(ئىزاھاتى)،شۇكى ئۇلارنىڭ ئۆز دىنى باشلىقلىرىنى مەبۇدقىلىش شېرىكى باشلىقلىرىنى ئىلاھ بىلىپ ئۇلاردىن تىلەشتە ئەمەس بەلكى الله چەكلىگەن ئىشلاردا باشلىقلىرىغابويسۇنۇشتا بولغان.ھاتەم ئوغلى ئەدى<<بىزئۇلارغائىبادەت قىلمايمىز>> دېگەندەرەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھ ئىشلاردا باشلىقلىرىغابويسۇنۇشى، ئۇلارغائىبادەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

4ـمۇھەببەتتىكى شېرىك:دەلىلى:ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:<بەزى ئادەملەراللەدىن غەيرىيلەرنى(يەنى بۇتلارنى)اللەغاشېرىك قىلىۋالىدۇ،ئۇلارنى(مۆمىنلەرنىڭ)اللەنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ<2ـسۈرەبەقەرە165ـئايەت.

*7 ـ ئىككى تۈرلۈك كاپىرلىق.*

بىرىنجى مىللەت (يەنى ئىسلام) دىن چىقىرىپ تاشلايدىغان كاپىرلىق:

بۇ، بەش تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار:

1ـئىنكارقىلىش كاپىرلىقى؛ دەلىلى:ئۇلۇغ الله29ـسۈرەئەنكەبۇت68ـئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:<اللەغايالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكارقىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟(ئەلۋەتتەبار)>.

2ـتەستقلاپ تۇرۇپ تەكەببۇرلۇك قىلىش كاپىرلىقى:دەلىلى:ئۇلۇغ الله2ـسۈرەبەقەرە34ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:<ئۆزۋاقتىداپەرىشتىلەرگە:<<ئادەمگە سەجدەقىلىڭلار>>دېدۇق، ئىبلىستىن باشقاھەممىسى سەجدەقىلدى،ئىبلىس(سەجدەقىلىشتىن)باش تارتتى،تەكەببۇرلۇق قىلدى،ئۇكاپىرلادىن بولۇپ كەتتى>.

3ـشەك قىلىش كاپىرلىقى،يەنى گۇمان قىلىش كاپىرلىقى:دەلىلى:ئۇلۇغ الله18ـسۈرەكەھف35ـئايەتتىن 38ـئايەتكىچەمۇنداق دەيدۇ:<ئۇ (مۆمىن بۇرادىرىنى يېتىلەپ) بېغىغا كىرىپ (كۇفرىلىق قىلىش بىلەن)ئۆزىگەزۇلۇم قىلغان ھالدائېيتتى:<<بۇباغ مەڭگۇ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن(35).شۇنىڭدەك قىيامەت بولمايدۇدەپ ئويلايمەن،ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغاقايتۇرۇلغاندىمۇ(يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ)ئەلۋەتتەبۇباغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن>>(36).ئۇنىڭغا(مۆمىن)بۇرادىرى مۇنازىرلەشكەن ھالدائېيتتى: <<سېنى(ئەسلىدە)تۇپراقتىن،ئاندىن ئابىمەنىدىن يارىتىپ،ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكارقىلامسەن؟(37)لېكىن مەن پەرۋەردىگارىم بولغان ئۇاللەنى (ئېتىراپ قىلىمەن)،پەرۋەردىگارىمغاھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن(38)>.

4ـيۈزئۆرۈش (يەنى ئېتىبارسىزقاراش) كاپىرلىقى :دەلىلى : ئۇلۇغ الله 46ـسۈرە ئەھقاف 3ـئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:<كاپىرلارئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈزئۆرۈگۈچىدۇر(3)>.

5ـمۇناپىقلىق كاپىرلىقى:دەلىلى:ئۇلۇغ الله63ـسۈرەمۇنافىقۇن3ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:<بۇشۇنىڭ ئۈچۈندۇركى،ئۇلار(ئېغىزلىرىدا)ئىشىنىپ،ئاندىن(دىللىرىدا)ئىنكارقىلدى،ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى(يەنى دىللىرىغاھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)،ئۇلار(ئىماننى)چۈشەنمەيدۇ(3)>.

ئىككىنجى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ تاشلىمايدىغان،نېمەتكە ناتكۇرلۇق قىلىشتىن ئىبارەت كىچىك كاپىرلىق: دەلىلى:ئۇلۇغ الله16ـسۈرەنەھل112ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ: <اللەمۇنداق بىرمىسالنى كەلتۈرىدۇ:بىرشەھەر(يەنى مەككەئاھالىسى)بولۇپ،(ئەسلىدە)تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى،ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭ تاشاكىلىپ تۇراتتى،

(ئۇنىڭ ئاھالىسى)اللەنىڭ نېمەتلىرىگەكۇفرىلىق قىلدى،اللەئۇلارغاقىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋەقورقۇنچنىڭ ئەلىمىنى تېتىتتى(112).

*8 ـ مۇناپىقلىقنىڭ تۈرلىرى:*

مۇناپىقلىق ئېتىقادى(يەنى چوڭ) ۋەئەمەلى(يەنى كىچىك) دەپ ئىككى تۈرلۈك دۇر:

ئېتىقادى مۇناپىقلىق غا گىرىپتار بولۇپ دۇنياداتەۋبەقىلماي كىتىپ قالغان ئادەم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدامەڭگۇ قالىدۇ. ئېتىقادى مۇناپىقلىق ئالتە تۈرلۈك بولىدۇ، بۇلار:

1ـ پەيغەمبەرنى (دىلىدا) ئىنكارقىلىش.

2ـ پەيغەمبەرئېلىپ كەلگەن نەرسە(ۋەھى)دىن بىرەرنەرسىنى (دىلىدا) ئىنكارقىلىش.

3ـ پەيغەمبەرگە(دىلىدا)نەپرەتلىنىش.

4ـ پەيغەمبەرئېلىپ كەلگەن نەرسە(ۋەھى)دىن بىرەرنەرسىگە(دىلىدا)نەپرەتلىنىش.

5ـ پەيغەمبەرنىڭ دىنى(ئىسلام)غا بىرەرئاجىزلىق يەتسە(كۆڭلىدە)خۇشال بولۇش.

6ـ پەيغەمبەرنىڭ دىنى(ئىسلام)نىڭ بىرەرغەلىبىگەئېرىششىنى يامان كۆرۈش.

ئەمەلى مۇناپىقلىق: بۇنىڭ بەزىسى چوڭ مۇناپىقلىق ياكى مۇرتەدلىك(ئىسلامدىن يېنىۋېلىش) دائىرىسىگە كىرسە، بەزىسى ئەڭ چوڭ گۇناھلار دائىرىسىگە كىرىدۇ، ۋە چوڭ گۇناھلارنى اللەخالىغان بەندىسىدىن كەچۈرىدۇ.

ئەمەلى مۇناپىقلىقنىڭ چوڭ گۇناھ قاتارىغاكىرىدىغىنى بەش تۈرلۈك دۇر،ئۇلار:

1ـ يالغان سۆزلەش،2ـ ۋەدىسىدەتۇرماسلىق،3ـ ئامانەتكەخىيانەت قىلىش،4ـ ئۇرۇشۇپ قالسائاغزىنى بۇزۇش،5ـ توختامغا رىئايەقىلماسلىق قاتارلىقلار بولۇپ،ھەممىسىنىڭ دەلىلى: پەيغەمبىرىمىز ـ اللەنىڭ رەھمىتى ۋەسالامى بولسۇن! مۇنداق دىگەن:<مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ: بۇلار؛ سۆزلىگەندە يالغان سۆزلەش،ۋەدە قىلغانداخىلاپلىق قىلىش،ئامانەت قويۇلغانداخىيانەت قىلىش،>يەنەبىر رىۋايەتتە(مەزكۇرئۈچى بىلەن بىرگە)<ئۇرۇشۇپ قالسائاغزىنى بۇزۇش،ۋەتوختام قىلسائالداش>.

ئەمەلى مۇناپىقلىقنىڭ مۇرتەدلىك دائىرىسىگە كىرىدىغىنى اللەنىڭ ئايەتلىرىگە چاقچاق قىلىش ۋە ئىسلام دىنىدىن بىرەرنەرسىنى چاقچاققائارلاشتۇرۇش، پەيغەمبەرنى ياكى پەيغەمبەرنىڭ بىرەرسۆزىنى مەسخىرەقىلىش قاتارلىقلاردۇر،دەلىلى :ئۇلۇغ الله9ـ سۈرەتەۋبە64ـ65 ۋە66ئايەتلىرىدەمۇنداقدېگەن:<ئېيتقىنكى،<<سىلەر(اللەنىڭ دىنىنى خالىغىنىڭلارچە)مەسخىرەقىلىڭلار،سىلەر(پاش بولۇشتىن)قورقىدىغان نەرسىنى(يەنى مۇناپىقلىقنى) الله چوقۇم ئاشكاراقىلىدۇ>>(64). (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سۈرىساڭ ،ئۇلار: <<بىز(راستىن ئەمەس)پەقەت ئىچپۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق>>دەيدۇ.(بۇمۇناپىقلارغا)<<سىلەراللەنىڭ

دىنىنى،اللەنىڭ ئايەتلىرىنى(يەنى كىتابىنى)ۋەاللەنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟>> دېگىن(65).سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار،سىلەرئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن،(پەيغەمبەرنى مەسخىرەقىلىش بىلەن)كاپىر بولدۇڭلار،>.

### *9ـ تاغۇتنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق كاتتىۋاشلىرىنىڭ تۈرلىرى:*

الله ساڭارەھمەت قىلسۇن! شۇنى بىلىشىڭ لازىمكى اللەئۆز بەندىلىرىگەتاغۇتنى ئىنكارقىلىپ ئاندىن اللەغا ئىمان ئېيتىشنى بۇيرىدى، دەلىلى: ئۇلۇغ الله16ـسۈرەنەھل36ـئايەتتەمۇنداق دېدى:<بىزھەقىقەتەن ھەربىرئۈممەتكە:<<اللەغائىبادەت قىلىڭلار،شەيتاندىن(يەنى شەيتانغا،بۇتلارغا،كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقاناق مەبۇد قا ئىبادەت قىلىشتىن)يىراق بولۇڭلار>>دەپ پەيغەمبەرئەۋەتتۇق،> ۋە يەنە2ـسۈرەبەقەرە256ـئايەتتەمۇنداق دېدى: <كىمكى تاغۇتنى(يەنى اللەدىن باشقا بارچە مەبۇدنى) ئىنكارقىلىپ،اللەغائىمان ئېيتىدىكەن،ئۇ سۇنماس،مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ،>.

تاغۇتنى ئىنكارقىلىشنىڭ شەكلى اللەتىن باشقىغائىبادەت قىلىشنى باتىل(ناھەق)دەپ ئېتىقادقىلىش بىلەن بىرگە،ئۇنى(يەنى اللەتىن باشقىغائىبادەت قىلىشنى) تاشلاش،ۋەنەپرەتلىنىش، شۇنداقلا ئۇنداق قىلغۇچىلارنى كاپىر دېيىش ۋە دۈشمەنلىك ئېلان قىلىشتۇر. پاك الله60ـسۈرەمۇمتەھىنە4ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:<ئىبراھىم ۋەئۇنىڭ بىلەن بىللەبولغان(مۆمىنلەر)سىلەرگەھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر،ئۆزۋاقتىدا ئۇلارقەۋمىگە:<<ھەقىقەتەن بىزسىلەردىن ۋەسىلەراللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا-جۇدامىز،بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋەئۆچمەنلىك تاكى سىلەريالغۇزبىراللەغائىمان ئېيتقىنىڭلارغاقەدەرئەبەدى ساقلىنىپ قالىدۇ>>دېدى.>.

تاغۇت دېگەن بەندىلەر تەرىپىدىن اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنغان،الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇشتىن باشقا، ھەرقانداق بويسۇنۇلغان، چوقۇنۇلغان،ئەگىشىلگەن نەرسە تاغۇت دۇر. تاغۇت ناھايىتى كوپ بولۇپ، ئۇنىڭ كاتتىۋېشى بەشتۇر، ئۇلار:

1ـاللەتىن باشقىغائىبادەت قىلىشقا چاقىرغۇچى شەيتان(ئىبلىس)، دەلىلى:ئۇلۇغ الله36ـسۈرەياسىن60ـۋە61ـئايەتلىرىدە مۇنداق دېدى:<<<ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغاچوقۇنماڭلار،ئۇھەقىقەتەن سىلەرگەئاشكارادۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرايولدۇر>>دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟(60ـ61ـ)>.

2ـاللەنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتكەن(يەنى اللەنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇن يۈرگۈزگەن)تۈزىكور ھۆكۈمران: دەلىلى:ئۇلۇغ الله4ـسۈرەنىسا60ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ: <ساڭانازىل قىلىنغان كىتاپقا(يەنى قۇرئانغا)ۋەسەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتاپلارغا(يەنى تەۋراتقاۋەئىنجىلغا)ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر(يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ئۇلارئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغائېلىپ بارماقچى بولۋاتىدۇ،ھالبۇكى،ئۇلارشەيتاننى ئىنكارقىلىشقا بۇيرۇلغان،شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇرئازدۇرۇشنى خالايدۇ>.

3ـاللەچۇشۇرگەن نەرسە(ۋەھى)دىن باشقا قانۇن بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھۆكمەت ۋەئۇنىڭ باشلىقى، دەلىلى:ئۇلۇغ اللە5ـسۇرەمائىدە44ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ :<كىملەركى اللەنازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلاركاپىرلاردۇر>.

4ـاللەتىن باشقا ئۆزىنىڭمۇ غەيىپ(يەنى سەزگۈ ئەزالىرى،ئەقىل،تەپەككۇر،قاتارلىقلار بىلەن بىلىنمەيدىغان نەرسە)نى بىلىدىغانلىقىنى داۋاقىلغان كىشى:دەلىلى:ئۇلۇغ اللە72ـسۇرەجىن26ـۋە27ـئايەتلەردەمۇنداق دەيدۇ:<اللەغەيىپنى بىلگۈچىدۇر،ئۆزىنىڭ غەيىبىدىن ھېچ بىرئادەمنى خەۋەردارقىلمايدۇ(26).پەقەت اللە ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيىپنى بىلدۈرىدۇ)،ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى(پەرىشتە)سېلىپ قويىدۇ(27).>.

5ـاللەنى قويۇپ ئۆزىگەئىبادەت قىلىنسارازى بولغۇچى:دەلىلى:ئۇلۇغ اللە21ـسۇرەئەنبىيا29ـئايەتتەمۇنداق دەيدۇ:<ئۇلاردىن كىمكى،مەن اللەدىن باشقائىلاھمەن،دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز،زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز>.

اللەغا ھەمدۇـساناـ مىننەتدارلىقلاربولسۇن! ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ، رەسۇلىنىڭ ئائىلىسى، ۋەساھبىلىرىگە دۇئاـ سالاملار بولسۇن!

<ھەرقانداق مۇسۇلمان ئەرـئايال قەتئى بىلىش لازىم بولغان ۋاجىپلار>دېگەن كىتاپتىن قىسقارتىپ تەرجىمەقىلىندى.